Uluslararası
Uygur Araştırmaları Dergisi
2016/8

# "ئۇيغۇرلارغا ئائىت قول يازمىلار توپلىمى" دىكى بىر قىسىم تەزكىرىلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە*

"Uygurlara Ait El Yazmaları"ndaki Bazı Tezkirelerin İçeriği Hakkında

"Collection of Manuscripts from Eastern Turkestan" An Account of the Contents

*Gustaf RAQUETTE*

*Çeviren: Zulhayat ÖTKÜR*[**]

گۇستاف راكۇيت (1871ـ1945) شۋېتسىيىلىك تۈركولوگ، تىلشۇناس ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىدا تىل ۋە مېدىتسىنا ئىلمى ئۆگەنگەن.ئۇ داڭلىق تۈركولوگ گۇننار يارىڭنىڭ (Gunnar Jarring) لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازى.ئۇ كېيىن مىسسىئونېر سۈپىتىدە 1993ـ 1895 يىلىغىچىلىك باكۇ(ئەزەربەيجان) ۋە بۇخارالاردا مىسسىئونېر بولۇپ تۇرغان.كېيىن 1896ـ 1901 يىلىغىچە قەشقەردە، 1904ـ1911 يىلىغىچە يەركەندە مىسسىئونېر ۋە دوختۇر بولۇپ تۇرغان. ئىككىنچى قېتىم 1913ـ1921 يىلىغىچە قەشقەردە قايتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، تىبەت رايونى ۋە ھىندىستان ئارقىلىق شۋېتسىيىگە قايتىپ كەتكەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-ئەدەبىياتى ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى شىۋىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ھەل قىلغۇچ يەكۈنلەرنى چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە «قەشقەر ۋە يەركەن رايونىدىكى ئۇيغۇر شىۋىلىرى ھەققىدە»،«ئېنگىلىزچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»،«ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ھەققىدە»،«تاجى بىلەن زۆھرە»قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەفەندىگە يازغان 6 پارچە خېتى»قاتارلىق ئىلمي قىممىتى يۇقىرى ماقالىلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

ـ تەرجىماندىن

مەن 1906ـيىلىنىڭ ئاخىرلىرى بارون مانىېرخېيمنىڭBaron G. Mannerheim تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن يەركەنتتە ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەنىدىم. ئىككىمىز بىرلىكتە ئابداللىقلارنىڭ يەرلىك ئۆرپ ئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مەسلىھەتلەشكەنىدۇق. ئابداللىقلار قەشقەر،يەركەنت، خوتەن تەرەپلەردىكى بەزى رايونلاردىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنى كۆرستىدۇ.1873ـيىلى D. Forsyth ئۆزىنىڭ*«يەركەنتتىكى ۋەزىيە»* ناملىق كىتابىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ***F. Grenard Mission scientifique dans la haute 95ـ1890 Asie*** ناملىق ئەسىرىدە ئابداللىقلار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنچە بەرگەن. كېيىن ئالبېرت ۋون. لېكوك (A. Von Le Coq) بۇ خىل خەلقنىڭ پېرسىيەدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يەنە ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بەزى سۆزلۈكلەرنىڭ چەت تىلىدىن كىرگەن تەركىبلىرى توغرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئىزدەنگەن.

شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن بولۇپ كېلىپ ياشىغان بۇ بىر تۈركۈم خەلقنىڭ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قەلەندەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە يەنى قىيامەت كۈنىگىچە بۇ كەسىپنىداۋاملاشتۇرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چۈشۈرۈلگەن.بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بۇلار بىر

* G. Raquette (1940). Collection of Manuscripts from Eastern Turkestan. Helsinki: Across Asia from West to East.

** Stochkholm Yetişkin Eğitimi Merkezi, Stockholm-İSVEÇ, E-posta: qoramtash@hotmail.com.

زامانلاردا مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ھۈسەيىنگە شىئەلەر ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر تارىخ بولغان كەربالا شېھىتلىرى ۋەقەسىدە كۈپۈرلۈق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەزرىتى ھۈسەيىن جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان ۋە ئۆمۈر بويى ئۇرۇق ئەۋلادى بويىچە سەرگەردانلىق سەرسانلىقتا ياشاشقا بۇيرۇلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇلار شۇ تەرىقىدە قەلەندەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن ،كېيىن دېھقانچىلىق ۋە باشقا نورمال كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەت ،يوسۇنلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئەتراپتىكى يەرلىكلەر بىلەن نىكاھلىنىپ ئۆتكەن. ئۇلار كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ۋە ئىنكار قىلىشقا يۈزلەنگەن. ئۆزلىرىنى ئابداللار دەپ داۋاملاشتۇرىدىغانلار ئاز سانلىق بولۇپ قالغان. يېقىنقى يىللاردا بۇلارنىڭ دېھقانچىلىقتىن تاپاۋىتى يۇقىرى بولۇپ ، تۇرمۇشى باياشات ئۆتسىمۇ لېكىن مول ـ ھوسۇل مەزگىللىرىدە ئۆشنىسىگە بىر تاغارنى ئارتىپ ناتونۇش ،چەت ياقا جايلارغا كېتىپ يەنە تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارئىكەن.

بۇ قولىيازمىلار خوتەندىكى ئابداللار كەنتى ئەتراپىدىكى ئەۋلىيا ھەزرەتلەرنىڭ مازار مەقبەرىلىرىدىن تېپىلغان مۇقەددەس خاتىرىلەر بولۇپ ، تەزكىرە دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇلارنى توپلاشتىكى مەقسەت ئابداللارنىڭ تارىخى ۋە ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئاساس يارىتىش ئۈچۈن ئىدى.ئەمما ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ خىل مەقسەتتىن باشقا، بۇ قولىيازمىلارنىڭ باشقا ساھەلەردىمۇ يەنە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تەزكىرىلەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:گرېنارد ۋە م.خارتمان شەرقىي تۈركىستاندىن زور بىر تۈركۈم تەزكىرىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ بەزى كوپىيە نۇسخىلىرى ياۋروپادىكى كۈتۈپخانىلەردە ۋە شۋېتسىيە لۇند، ئۇپسالا ئۇنىۋېرستېتى كۈتۈپخانىلىرىدە ساقلانماقتا.

تەزكىرىلەرنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان تەتقىقاتچىلاردىن س.پ.سكرىن 1926 ـ يىلى يازغان *«جۇڭگو مەركىزىي ئاسياسى»* ناملىق كىتابىدا بۇ قولىيازمىلارنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا تەۋە دەۋرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلايدۇ:

بۇ قولىيازمىلار 11 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان شىئە ئەۋلىيالىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ سۈنني ۋارىيانتى بولۇپ، ھەتتا شىئە ئەۋلىيالىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ ئەسلى ئورىگىنالى ئەمەس. بۇلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى موللىلارنىڭ ئەجداتلىرىغا چوقۇنۇش ئەنئەنىسى بويىچە مۇقەددەس جايلاردا ئۆزلەشتۈرۈلگەن. قولىيازمىلاردا بايان قىلىنغان 12 ئىمامنىڭ ھېچقايسىسى قەشقەرگە كېلىپ باقمىغان. باتۇر ئەۋلىيالار بولسا 8 ـ 9 ئەسىرلەردە سۈنىيلارنىڭ ھۆمەيياد خەلىپىلىكى قاتارلىق بەزى خەلىپىلىكلىرىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىدىن قېچىپ كەتكەنلەرىدى.ئاز بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قالغان قوشۇنىنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى خۇددى18 ـ ئەسىردە غەرپتە ساراتسېنلارنىڭ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغا قىلغان پوئېتىر جېڭىدەك خاتىمە بىلەن ئاياقلاشقىنىغا ئوخشاش تەقدىرگە ئىگە بولغانىدى. بۇ"ئىمام "لارنىڭ ھېچقايسىسى ھاياتلىقىدا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ياكى تۈرمىلەرگە قامالماي ھايات كەچۈرگەن. گرېناردنىڭ كۆزقارىشىچە بۇ ھۆجۇملارنىڭ ھېچقايسىسى 10 ـ ئەسىردە ئىبىن قۇتايباھنىڭ قەشقەرىيىگە ئىسلامىيەتنى ئېلىپ كېلىشىگە ئوخشاش ئۇرۇنۇش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەرگە تەۋە ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئىبىن قۇتايباھ قەشقەرىيىگە ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقى كىشى بولسىمۇ، لېكىن تەزكىرىلەردە بۇ كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان ۋە تۆھپىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ،سەۋەبى بۇ كىشىنىڭ سۈنني مۇسۇلمان بولغانلىقىدا ئىدى.

**I**

قولىيازمىلارنىڭ ئارىسىغا ۋاراقچە قىستۇرۇلۇپ قولىيازمىلارنى يىققۇچى تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈش بېرىلگەندى:

بۇ تەزكىرە قارىقاش دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان كوخمارىدىكى ئاۋامۇدىن،نەسرىدىن، كوۋامۇدىن ۋە نىزامۇدىنلارنىڭ مازارلىقىدىن تېپىلغان.1906-يىلى دېكابىردا باھسۇدىن خان تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن.

چوڭلۇقى

150x215mm

قېلىنلىقى 12 cm

بولۇپ قاتتىق مۇقاۋىلىق. كىتاب قەغىزى يېرىم قاتتىق، قولدا ياسالغان خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، گۈللەر ۋە يوپۇرماقلارنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن پاختا رەخ بىلەن قاپلىنىپ مۇقاۋىلانغان. كىتابقا ھېچقانداق سەرمايە كەتمىگەنىدى. تۈپلەنگەن يەرلىرى يىرتىق ۋە داغ بوپ قالغانىدى. بەتلەر ناھايىتى قوپال ھالدا پاختا يىپ بىلەن بىر بىرىگە چېتىلىپ تىكىلگەنىدى.مۇقاۋىنىڭ ئىچ بېتىگە شەكىللەر ۋە چورنىۋاي خەتلەر سىزىلغانىدى.

قوللىنىلغان قەغەز ئادەتتىكى خوتەن قەغىزى بولۇپ،خەت كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن قەغەز بەتلىرى يېنىك ھالدا گۈرۈچ سۈيىگە چىلىنىپ ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ ئاندىن سىلىق تاش بىلەن باستۇرۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. بەتلەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە سىزغۇچ بىلەن سىزىق سىزىۋېلىنغان بولماستىن بەلكى ھەربىر قۇرنىڭ باشلىنىدىغان ۋە ئاياقلىشىدىغان نۇقتىسىغا سىزىق تارتىلغانىدى. خۇشخەت نۇسخىسى نەسخ ۋە نەستالىق نۇسخىلىرىنىڭ بىرىكمىسى ۋە بەزىدە دىۋان، رۇقي خەت نۇسخىلىرى بولۇپ، قومۇش قەلەمنى قارا سىياھقا چىلاپ تۇرۇپ يېزىلغانىدى.

ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى جەھەتتە بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، توققۇز بوغۇملۇق مىسرالاردىن تەركىپ تاپقان.بەزىدە قائىدىسىز بولۇپ سەككىز ۋە ئون بوغۇملۇق مىسرالارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىتاپنىڭ ئالدىنقى 11 بېتىدە ئالەمنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ھەمدۇ-سانالار ئاخىرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەپ شەجەرە جەدۋىلى بىلەن ئاياقلاشقان. 12-بەتتە خۇلاسە قىسمى بولۇپ، نەسري شەكىلدە يېزىلغان. قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

ئەۋلىيا ئىماملارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ قادىرخان غازىنى ماۋرائۇننەھىردىن قەشقەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىك جەريانى ۋە بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ "نامە"(خەت)نى قەشقەرىيە خەلقىگە قانداق يەتكۈزگەنلىكى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن : *'ئەگەر سىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادى بولسىڭىز بىز ئىسلامنى قوبۇل قىلىمىز"*دېگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. كېيىنكى بايانلارمۇ 2-نومۇرلۇق قولىيازمىدا *"پادىشاھ جاھان تەزكىرىسى"*نىڭ ئومۇمي مەزمۇنىغا ماس ھالدا تەسۋىرلەنگەن.

كىتاپنىڭ ئەڭ كەينىدە ئاپتور ئۆزى ھەققىدە توختۇلۇپ، بۇ تۆت ئەۋلىيا ئىمام ھەققىدە يېزىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەپلەر، دادىسىنىڭ 40 ياشقىچە پەرزەت يۈزى كۆرمىگەنلىكى،ئۆزىنىڭ مەكتەپتە قانداق تىرىشىپ بىلىم ئالغانلىقى ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت جەھەتتىن قانداق ھاسلات ياراتقانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەپلىك مەدرىستە "شائىرچاق"دەپ ئاتالغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلغان.

ئاپتورنىڭ ئىسمى موللا نىياز بولۇپ، ئۇ بۇ شېئىرىي ئەسەرنى ھىجرەت 390-يىلى، يەنى مىلادى1000 - يىلى تاماملىغان دەپ قالدۇرغان. لېكىن ئۇ ئەسىردە 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن مىر ئەلىشىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان بولۇپ،بۇنىڭدىن مۇشۇ ۋاقىتتىن كېيىنكى بىر دەۋردە ياشىغانلىقىنى قىياسلىغىلى بولىدۇ. ئاپتور يىلنامىنىڭ يېنىغا تۆت خىل ئىزاھ بەرگەن بولۇپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى ، جۈمە،مايمۇن يىلى، ھىجرىيەنىڭ ھامال ئېيى دەپ يازغان.بۇ تۆت خىل تولۇقلىمىغا ئاساسەن توغرا بولغان يىلنامىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولىدۇ.يەنى شەرقىي تۈركىستاندا قوللىنىلىپ كەلگەن قۇياش سېستىمىسى كالېندارى يەنى ھىجرىيە كالېندارىغا ئاساسەن كۈن تۈن تەڭلەشكەن چاغ مىلادى 1737-يىلى مايمۇن يىلى ئىدى.ھامال ئېيىنىڭ باشلىنىشى ھىجرەت 1149-يىلى زۇلھەججەنىڭ 10-كۈنى بولۇپ،مىلادىيە كالېندارى بويىچە دەل1737-يىلى 10-ئاپرېل جۈمە كۈنىگە توغرا كېلەتتى.كىتاپنىڭ ئاخىرقى تۆت بېتىدە بۇ كىتاپنىڭ موللا ئاخۇن تەرىپىدىن ئىلچىدە(خوتەندە)1255-يىلى ،توشقان يىلى، ئارا ئېيىنىڭ 2-كۈنى كۆچۈرۈپ تاماملانغانلىقى يېزىلغان. بۇ ۋاقىت مىلادىيە كالېندارى بويىچە 1840-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.ئىچ مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە ۋە كىتاپنىڭ ئارىسىدىكى بەزى بوش يەرلەرگە "بۇ يۈسۈپ ئاخۇننىڭ كىتابى" دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى، بۇنىڭدىن بۇ كىتاپنىڭ يۈسۈپ ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

**II**

تۆۋەندىكى قول يازمىنىڭ ئىچىگە بىر پارچە قەغەز قىستۇرۇلغان بولۇپ، 1906-يىلى يېزىلغان دەپ خاتىرلەنگەنىدى. قەغەزدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى: بۇ تەزكىرە قارىقاش دەرياسى بويىدىكى ئۈدجات يېزىسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى جامادا يېزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جۇما بازىرى يېزىسىدىكى ئىمام مۇزاي كازىم مازىرى تەزكىرىسىدۇر.

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:

65x120 mm

قېلىنلىقى 12 mm

كىتاپ مۇقاۋىسىز بولۇپ، ئەڭ بېشىدا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بوش بەتلەر قالدۇرۇلغانىدى .كىتاب خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، بەتنىڭ ئاق قالدۇرۇلغان يەرلىرى ئىگىز -پەس ئىدى. بەت يۈزىدە داغلار بولۇپ، بەزى بەتلەر يىرتىلغان.

كىتاپتا ئەڭ ئاز دېگەندە 3 خىل خەت نۇسخىسى ئىشلىتىلگەن.كىتاپ نەسرىي شەكىلدە بولۇپ، بىر قىسىم شېئىرىي قىسىملىرى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان .كىتاپنىڭ قاچان قەيەردە كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات يوق . ئاۋۋال مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا ئائىت مەزمۇن بولۇپ،"تەزكىرەئىي پادىشاھ جاھان" دەپ يېزىلغان ،كەيىندە ھەزرىتى موللا ئىمام نەسرىددىندىن باشلاپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئۇلۇغ ئەۋلىيا ،پەيغەمبەرلەرنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن.

تۆت ئەۋلىيانىڭ قەشقەر خەلقىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەۋلىيا ئىمامنىڭ بىرى ئەۋلىيا يۈسۈپ قادىرخان غازى پېرسىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھ ۋە شاھزادىلىرىگە قېلىپلاشقان جۈملىلەر بىلەن سۆزىنى باشلىغان: "ئى، پادىشاھلىرىم، قەشقەر زېمىنىدىكى كىشىلەر تامامەن بىدئەتلەر بولۇپ، رۇخسەت قىلساڭلار مەن جەڭچىلەر بىلەن ئۇ يەرگە بارغان بولسام "دەپتۇ.كىتاپتىكى كېيىنكى

بايانلاردا يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ 40000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە قولىدىكى مەكتۇپنى قەشقەر خەلقىگە ئوقۇپ ئۆزىنىڭ تۆت ئەۋلىيا ئىمامنىڭ بېشى بولغان ھەزرىتى ئىمام نەسرىددىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەر خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

بىرقانچە قېتىملىق كېڭىشىشلەر ۋە مەجبۇرلاشلار ئارقىلىق قەشقەرىيە خەلقى يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ لېكىن پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇلارغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ .يۇقىرىدا ئېيتىلغىنى بويىچە يۈسۈپ قادىرخان غازى باش ئىمامغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇلارنى كۈتىدۇ.ئۇزۇن بىر مەزگىللىك كۈتۈشتىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان غازى1000 كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ ئەندىجانغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە ئاتلىق يولغا چىقىدۇ. ئۇ يولدا ھەزرىتى شاھ كازىمنى ئۇچرىتىپ دەبدەبە ۋە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەۋلىيا ئىماملارنىڭ ئەندىجان تاغلىرىنىڭ ئارقىسىغا قاپسىلىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇنى ئۆزىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىغانلىقىنى ئۇقىدۇ. بۇ جەڭ پىرلىرى ھەزرىتى خوجا مەنسۇر،ھەزرىتى خوجا سەييىد،ھەزرىتى خوجا ئەخمەد ۋە ھەزرىتى خوجا ئەزىزلەر ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ تۆت ئەۋلىيا ئىمام قەشقەرىيەگە ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ. ئەڭ بېشىدا ھەزرىتى خوجا مەنسۇر تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قالغان ئۈچ جەڭ پىرى بىلەن بىرلىكتە يېتىپ كېلىدۇ،ئارقىدىنلا يەنە ئۈچ تۈركۈم قوشۇن ھەزرەت ،سۇلتانلار بىلەن يېتىپ كېلىپ قەشقەرنىڭ ئەپچۆرىسىدىكى بارلىق رايونلارنى قورشىۋالىدۇ. بۇ قوشۇنلار بىلەن بىرگە كەلگەن تۆت ئىمامنىڭ ئىسىملىرى ھەزرىتى ئىمام نەسرىدىن، ھەزرىتى ئىمام مايىنىدىن، ھەزرىتى ئىمام تاھىرىدىن ۋە ھەزرىتى ئىمام قۇۋامىدىن ئىدى.قەشقەر خەلقى زور تۈركۈمدىكى جەڭ قوشۇنىنىڭ قەشقەرنى ئېگىلەپ ئاياق باسقۇدەك يەر قالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.كېيىن ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان قەشقەر شاھى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.كېيىن ئۇ يەركەنتكە يۈرۈش قىلىپ ،ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن يەركەنتتىكى نەچچە يۈزلىگەن خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. جەڭ قوشۇنى ئاخىردا جۇڭگو(ماچىن)غا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

كېيىنكى ئەپسانە ئىمام جافارى سادىقنىڭ ئوغلى مۇسا كازىمنىڭ چوڭلارنىڭ نەسىھىتىگە قارىماي 6000 كىشىلىك قوشۇن باشلاپ جۇڭگوغا يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە بولۇپ ، بۇ قوشۇن جۇڭگوغا بارغاندا 20000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلىدۇ، نەتىجىدە قانلار سەل بولۇپ ئېقىپ، كۆپارلارنىڭ كېسىلگەن كاللىسى تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ.بەختكە قارشى مۇسا كازىم جەڭدە بەدىنى ئەللىك يەردىن يارىلىنىدۇ.شۇنداق تۇرۇقلۇق ،ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆزىنى دۈشمەنگە ئاتىدۇ، ئەمما دۈشمەن كەينى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تاكى ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدۇ. مۇسا كازىم شېھىت بولغاندىن كېيىن ئاسماندىن بىر تاۋۇت چۈشىدۇ لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى ھېچيەردىن تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ جەسىدى توغرىسىدا ئىككى تۈرلۈك قىياس مەۋجۇت:بىرى جەسەتنىڭ خوتەنگە يېقىن بىر جايدا تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى بايان يەنە بىرى پەرىشتىلەر ئىمامنىڭ جەسىدى قاچىلانغان تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مەككىگە ئېلىپ كېلىپ شۇ يەردە ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنىڭ ئايىقى ئاستىدا كۆيدۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت. لېكىن كىتابتا ئىمامنىڭ جۇمە بازىرى رايونىغا دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر مەلۇمات يوق.

كىتابنىڭ 8ـ9 بابلىرىدا ھەزرىتى ئىمام ئالى مۇسا رىزانىڭ تەزكىرىسى ۋە ئەينى دەۋردىكى خاندانلىقنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان.ئاخىرقى تۆت بەتتە "بىسمىللاھىر رەھمانۇرەھىم " دەپ باشلىنىپ ئەرەپچە ۋە ئۇيغۇرچە ئارىلاش ئىمام ئەزىم ئەبۇ-خەنىفەگە بولغان مەدھىيىلەر ۋە ئۇنىڭ

شەرئەتنى قانداق تونۇتقانلىقى ھەققىدە بايان قىلىنىپ، كەيىندىن ئىسلام دىنىدىكى 8 جەننەتنىڭ ئىسمى يېزىلغان، لېكىن بۇ مەزمۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتى يوقۇلۇپ كەتكەن.

### III

بۇ پارچە قولىيازمىلارنى توپلىغۇچى باغاقچىگە مۇنۇلارنى قالدۇرغان: بۇ تەزكىرە خوتەندىكى ھەزرەت سۇلتان مازىرىنىڭ تەزكىرىسى بولۇپ، يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى جاما يېزىسىدا ياشايدىغان بىر موللا تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن.1906 ـ يىلى دېكابىر.

115X165 mm

قېلىنلىقى 18 mm

كىتاپنىڭ بېشىدىكى ۋە ئاخىرقى ۋاراقلىرى يوقالغان بولۇپ ئانچە تولۇق ئەمەس. كىتاپنىڭ قەغىزى خوتەن قەغىزى بولۇپ، سىزغۇچتا سىزىلغان سىزىقلار يوق. خەت نۇسخىلىرى ئارىلاش بولۇپ، پۇچۇركىسىنى ئوقۇغىلى بولاتتى.

كىتاب مەزمۇنى: كىتاپ پىروزا يەنى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، قاچان يېزىلغانلىقى ۋە ئاپتورىنىڭ كىملىكى خاتىرىلەنمىگەن. كىتابتىكى بەزى شىۋىلەرگە قارىغاندا خوتەنگە يېقىن جايدا يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

كىتاپنىڭ ئالدىنقى 25 بېتىدە ناھايىتى رومانتىك بىر بايان بولۇپ، ئىمانلىق بىر قىزنىڭ كۇپارلارنىڭ قولىدا ۋەھشى ۋە ئىپلاسلارچە قىينالغانلىقى ، ھەتتا بىر قول بارمىقىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكى كېيىن مۆجىزە يۈز بېرىپ بۇ بارماقنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر بارماق ئۆسۈپ چىققانلىقى ، بۇ قىزنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسىگە قاراپ كۇپارلارنىڭ ئىسلامنى تونۇغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. 25ـ بەتتىن كېيىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد قۇچقارنىڭ تەزكىرىسى سۆزلىنىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ نەسەبى ھەققىدە توختىلىدۇ. پۈتكۈل مال بىساتى ۋە ھەرىمى ئاپەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ شاراپ ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئوقتى ناھايىتى روناق تېپىپ شاگىرتلىرى قىرىققا يېتىدۇ.بىر كۈنى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر سادا كېلىپ، بۇ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقى ۋە ھاراق ئىچىشنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ شەيخ بولۇشىنى بۇيرۇيدۇ. كېيىن بۇ كىشى ئەتراپتىكى ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ھاراق تاشلىتىپ، ئۆزى 41 نەپەر دەرۋىشكە شەيخ بولىدۇ. قۇچقار كېيىن "بۇزرۇكۋار " دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر قېتىم ۋەھيي كېلىپ ئۇنى دەرۋىشلەرنى باشلاپ ئەرەپ دۆلىتىدىن پېرسيەگە بېرىشقا ،كېيىن يەنە يىراق جۇڭگوغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تارىتىشقا بۇيرۇيدۇ.شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاۋۋال خوتەنگە ئاندىن جۇڭگوغا بارىدۇ. كېيىن بۇ ھەقتىقى تارىخىي بايانلارنىڭ ئارىسىغا باشقا مۆجىزىلەر قىستۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ. شەيخ ھاياتى بويىچە ئۆمرىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلىپ 99 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىر تىلەمچى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. رىۋايەتنىڭ كەينىدە بەلكى ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بولۇشى مۇمكىنىدى ،ئەمما كىتاپنىڭ كەينىدىكى ۋاراقلىرى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە مەلۇمات بولمىدى.

### IV

بۇ كىتاپنى توپلىغۇچى كىتاپنىڭ تېشىغا "تەزكىرەئى خوجا ئابدۇل قاسىم، دۇئا مازار" دەپ خاتىرە قالدۇرغان .

125x197 mm

بۇ 24 بەتتىن تەركىپ تاپقان نىپىز كىتاب ئىدى.ئەسلى كىتاپ 28 بەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ 10ـ11ـ24 ۋە 28ـبەتلەر يوقالغان، 9ـۋە 12ـبەتلىرى بوشاپ قالغان .

كىتاب بىر بەتكە ئىككى كولۇن قىلىپ يېزىلغان،ئارىلاشما خەت شەكىللىرى قوللىنىلغان بولۇپ، ئىشقىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

كىتاب مەزمۇنى: كىتاب بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، 10 بوغۇملۇق مىسرالاردىن تەركىپ تاپقان ، بەزىدە ھەتتا 9 ۋە 11 بوغۇملۇق مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ. سۆزلەر ۋە مىسرالار پارىسچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، پارىس شائىرى فەرىد ئەددىن ئاتار(1119ـ1230) نىڭ شېئىر ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغانىدى.كىتاپنىڭ ئاپتورى رېھىم شاھ شەيخ بولۇپ،مىلادى 1296ـيىلى يېزىپ قالدۇرۇلغان.بۇنىڭدىن كىتاپنىڭ ئەسلىسى يېزىلغىنىغا 640 يىل بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ گەپچە قولىمىزدىكى كىتاپ قەغەز ۋە قول يازمىغا ئاساسەن بىر كوپىيە نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ كوپىيەگە قانچە يىل بولغانلىقى نامەلۇم.

كىتاپتىكى باش قەھرىمان خوجا ئەسسەر بۇزرۇكۋار بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ بىر موزدۇز ئىدى. كىتاپتا شەيىخ ۋە خوجا ئوتتۇرىدىكى دىيالوگ ئارقىلىق ھاياتلىق قانۇنىيىتى، دىنىي پەلسەپۋىي مەسىلىلەر ۋە سوپىزىملىق مىستىسىزىمدىن ئىبارەت مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. ئاپتور كىتاپنىڭ كەيىندىكى قىسمىدا قاسىم ھەققىدىكى تەزكىرىنى يېزىپ،بىرقانچە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ.

**V**

بۇ كىتاپنى يىغىپ ساقلىغۇچى مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى:<<بۇ تەزكىرە قارىقاش دەرياسى بويىدىكى يېزا ئەسقارى يېزىسىغا جايلاشقان ئىمام مۇھەممەت ئەسقارى مازىرىنىڭ تەزكىرىسىدۇر.كىتاپنى تەمىنلىگۈچى خوتەنلىك بەھرۇددىن خان،1906ـيىلى.>>

128x187 mm

كىتاب 32 بەت بولۇپ، مۇقاۋىسىز ،ئاددى خوتەن قەغىزى بىلەن تاشلانغان، ئەڭ ئاخىرقى بېتى يوقالغانىدى. خەت شەكلىدە نەسىخ ۋە نەستالىخ نۇسخىلىرى قوللىنىلغان.

كىتاب مەزمۇنى: كىتاب بايان شەكلىدىكى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، بىرقانچە شېئىرىي مىسرالارمۇ بار. تېكىستلەر روشەنكى پۈتۈنلەي *"تەزكىرەئى پادىشاھ جاھان"* دىكى مەنبەلەرنىڭ كوپىيەسى بولۇپ، ئوخشاش بىر بايان قىلغۇچى ئىدى.كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە قاچان ،قەيەردە يېزىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن.

**VI**

بۇ تەزكىرە كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئىمام جافارى سادىق مازىرى تەزكىرىسى بولۇپ، شەرىئەت نابوۋى دەپمۇ ئاتىلاتتى .كىتاپتا ئابداللارنىڭ ئەمرىمەرۇپ ۋە ھىكمەتلىك سۆزلىرى بايان قىلىنغان.

تاماغىل يېزىسىدىكى بىر موللىدىن سېتىۋېلىنغان.1906ـيىلى دېكابىر.

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:

205x255 mm

25mm قېلىنلىقى

كىتاب خۇرۇم تاشلىق بولۇپ، پاختا يىپ بىلەن تىكىلىپ تۇپلەنگەن.بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرى يوقالغان.كىتاب يۇقىرى سۈپەتلىك خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان.كىتابتا سىزىلغان سىزىقلارنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ لېكىن كىتاپ قۇرلىرى خېلىلا تۈز ئىدى.

كىتاب مەزمۇنى: ئاساسەن نەسرىي شەكىلدە بولۇپ، ئاز بىر قىسىم شېئىرىي مىسرالار بار.ئاخىرقى 16 بەت كولۇنلارغا ئايرىلمىغان ، بىر بىرىگە ئۇلاپ يازغان ئۇزۇن قۇرلار بولۇپ،تۆت چېكىت بىلەن بەلگە قويۇلغان ۋە بىرقانچە يانتۇ يېزىلغان قۇرلار بارىدى. قولىيازمىدىن كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچە بىر ئادەمنىڭ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۆچۈرگۈچى مىڭ تام ئايىل يېزىسىدىن بولۇپ، ئىسمى مەمەت نىياز موللا ئىدى يەنى رېھىم مولللىنىڭ ۋارىسى ئىدى.كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكى 1297-يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكى قەيت قىلىنغان،باشقا مەلۇمات يوق. بىرىنچى بۆلەك 1-112 بەتكىچە بولۇپ،بۇ بۆلەكتە پارىس ئەدەبىياتىدىكى ئەسەر-"شەھرىي گۈلشەن"ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر يېزىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قولىيازما شۋېتسىيە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

(No597, section7(Nov. 340 مۇندەرىجىدە 22 باب يېزىلغان.ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇندەرىجىدە بولسا 21 باب دەپ خاتىرلەنگەن.

ئىككىنچى بۆلەكتە، يەنى بىرىنچى بۆلەكتىن كېيىنكى 10 بەتتە *"ئىمام جافارى سادىقنىڭ تەزكىرىسى"* بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى بۆلەك "تەزكىرەئىي پادشاھ جاھان" بولۇپ، ئوخشىمىغان مەنبەلەرگە ۋە خوجىلار تەزكىرىسىگە ئاساسەن يېزىلغان .

تۆتىنچى بۆلەك 13 بەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان خاتىرىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ مەزمۇنى بەزى بىشارەتلەرنى كۈندۈلۈك دىنىي يوسۇنلار ۋە پالىيەتلەرگە ۋە ئۆلۈمگە باغلاپ تەپەككۇر قىلغاندى. تېكىستلەردىكى كۆچلۈك پارىس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن ، پارىسچە مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## VII

كىتابنى سېتىۋالغۇچىنىڭ بايانىغا ئاساسەن بۇ كىتاب ئابداللارنىڭ تارىخىغا ئائىت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ كىتاب ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داڭلىق بولغان ئەۋلىيالار تەزكىرىسى *"قىسسەسۇل ئەنبىيا"* نىڭ كوپپيەسى ئىدى.

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:

370x225 mm

قېلىنلىقى:75

كىتاب نىپىز تېرىدە تاشلانغان بولۇپ، ئۆچكە تېرىسى بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن ئىدى.كىتابنىڭ كەينىدە *مىڭ ئۈچ يۈز ئىككى يۈز يىل* دېگەن يىلنامە بارئىدى، يىلنامىنىڭ كەينى چىقمىغاچقا تولۇق خەۋەردار بولغىلى بولمايتتى.

كىتابنىڭ قەغىزى خوتەن قەغىزى بولۇپ، كەسپىي خۇشخەت ئۇستىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بەت بوشلۇقىنىڭ كەڭلىكى 50mm ئىدى.

كىتابنىڭ مەزمۇنى: كىتاب ئاساسي جەھەتتىن نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا تارقالغان پەمغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسەنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ئىدى. باشقا نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىتابتا بەزى ئوخشىمايدىغان نۇقتىلار ئۇچرايدۇ:

1) مۇندەرىجە باشقا كىتابلاردىن پەرقلىق بولغان.

2) *"قەسسەسۇل ئەنبىيا"* مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەزكىرىسى بىلەن ئاخىرلاشقان، بۇ بەلكى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان "قىسسەسۇل ئەنبىيا"پارىس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولغاچقا شىئەلەرنىڭ تەسىرىمۇ كىتابتا خېلى چوڭ بولۇپ، خەلىفە، ھەسەن ۋە ھۈسەنلەرگە ئائىت خېلى بىر تۈركۈم ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. كىتابتا ئەسلى دېمەكچى بولغان مەزمۇن ھۈسەيىننىڭ ئېفرات دەرياسى بويىدىكى كېلىشمەسلىكلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئابداللارنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇرۇش ئىدى. كىتاپنى كۆچۈرگۈچى كىتابنىڭ كەيىندە باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان بىر ھەدىسنى قىستۇرۇپ يازىدۇ. ھەدىستە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنەدە جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بارلىق رەزىللىكلەرگە قارشى ياردەمدە بولىدىغان ۋە كېسەللەرنى شىپا تاپقۇزغۇچى بىر سۈرە چۈشۈرىدۇ. كىتاپنىڭ ئاخىرىغا بۇ سۈرە ئەرەپچە يېزىلغان ئىدى.

كىتاپ ئاۋۋال ئەرەپچىدىن پارىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئاندىن پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.كىتابنى تەرجىمە قىلغۇچى قازى رابات ئايۇزى نەسرىددىن، بۇرھانىددىن ئوغلى.

مېنىڭچە ئايۇزى دېگەن ئىسىم بەزى يېزىق جەريانىدىكى ئىملا خاتالىقى سەۋەبىدىن شۇنداق يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.چۈنكى باشقا جايلاردا بۇنداق ئىسمنى ئۇچراتمىدىم. ئەكسىچە رابات يۈزى دېگەن كەلىمە كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنى كۆچۈرگۈچى كۆچۈرۈش جەريانىدا "غ" ھەرپىنىڭ زەۋرىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ئايۇزى بولۇپ قالغان. باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندىمۇ تەرجىمانلار كىتابنىڭ ماۋزۇسىنى ئوخشىمىغان ئىسملاردا ئالغان.مەسلەن،"قەسسەس راپيۇزى"(تاشكەنت، مىق مەتبە باسمىسى ھىجرىيە 1335-يىل) ۋە "قەسسەس ئار رابيۇزى"(ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى Nos. 638, 639. Nov. 580)بۇ خىل تەرجىمە شەكىللىرىدە رابات يۈزى خىلمۇ خىل ئېلىنغان.كىتابنىڭ بۇ كۆچۈرمە نۇسخىسىدا تەرجىمان كەمتەرلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازمىغان،پېقىر شىكەستە دەپلا ئالغان. لېكىن پايدىلانغان مەنبەلەردىن ئۇنىڭ رابات يۈزىلىك بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا رابات يۈزى دېگەن ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى قانداق؟ ھەممىمىزگە مەلۇم تۈركلەرنىڭ ئويۇز قەبىلىسى يۈز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماس ھالدا" رابات" دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ئويۇزلارنىڭ ئولتۇراق ماكانى دېگەندىن كېلىپ چىققان، يەنى ئويۇزلارنىڭ يۇرتى دېگەنلىك بولىدۇ.

كىتابنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى كىتابنىڭ 8-بېتىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھىجرەتتىن كېيىنكى 1318-يىلى ، مىلادى 1899-1900 دەپ يېزىلغان. كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە،<<*1322-يىلى ،مۇھەررەمنىڭ 13-كۈنى، پەيشەنبە (30-مارت، 1905-يىلى) خوجا ئەخمەد ئاخۇن قوزى موللا ئوغلى ئۆز قولى بىلەن بۇ "قەسسەسۇل ئەنبىيا"نى يېزىپ چىقتى ۋە شەرەپ بىلەن ۋەھيىگە تەقدىم ئېتىدۇ*>>دېگەن خاتىرىلەر يېزىلغانىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۇن ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، 1906-يىلى دېكابىردا "ۋەھيىگە تەقدىم ئېتىش" بىكار قىلىنىپ ، بۇ قولىيازما خوجا ئەخمەد نامى بىلەن بارون مانىېرخېيىم ئەپەندىگە سېتىپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا، كىتابنىڭ بېشىدىكى ئىككى بېتىدە ۋە ئاخىرقى بېتىدە نۇرغۇن خەتتاتلىق مەشىق شەكىللىرى سىزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل سىياھتا بىر

بىرىگە مىنگەشتۈرۈلۈپ سىزىلغان تۆت بۇرجەك شەكىللەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ شەكىللەردىن خەرىتىگە پىششىق بولمىغان بىرىنىڭ بىرەر جاينىڭ شەكلىنى سىزىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ شەكىللەر بىزنى مەككىدىكى ئۇلۇغ كەبىگە باشلاپ بارىدۇ، ئەقىللىق بىر كۆزەتكۈچى بۇ شەكىللەرنى كۆرگەن هامان كەبىگە باغلىيالايدۇ.شەكىللەر هەققىدە يەنە بىر خىل قىياسمۇ مەۋجۇت. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ شامان دىنىنىڭ بۇرۇنقى كۈچلۈك تەسىرلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ شەكىللەرنىڭ بەزىلىرى شامانىزىمدا قوللىنىلىدىغان روهلارنى سولاش ئۈچۈن سىزىلىدىغان ئىشكىلەرگە ئوخشايتتى. ئىچىدە يەنە قانات شەكىللىك كۆرسەتكۈچ بەلگىلەر بولۇپ، بۇلار كىشىگە كومپاسنىڭ يۆنۈلۈش بەلگىسىنى ئەسلىتەتتى. بۇ ئىشكىلەر هەققىدە *Magnus Olsen, 191Maal og minde* ناملىق كىتابىدا بىرقەدەر چوڭقۇر تەتقىقاتلىرى بار. بۇ شەكىللەرگە ئائىت سۇئاللار كېيىنكى ئېتنوگرافىيەشۇناسلارغا قالدۇرۇلۇپ كېتىلدى.

## VIII

بۇ تەزكىرە خوتەننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانگۇي يېزىسىغا جايلاشقان دىۋانە خان غوجام مازىرىنىڭ تەزكىرىسىدۇر.

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:

370x295 mm

27mm قېلىنلىقى

كىتاب قوڭۇر رەڭلىك خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان بولۇپ، هازىر مۇقاۋىسى ئاجراپ كەتكەن هالەتتە ئىدى. كىتاب نەمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۈستى تەرىپىدىكى بەزى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەنىدى. خەت شەكلىمۇ ئارىلاش بولۇپ، بىرقانچە كىشىنىڭ كۆچۈرگەنلىكى مەلۇم.

كىتاب نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، پارىسچە ۋە ئەرەپچىدىن ئىبارەت ئەبجەش كەلىملەر قوللىنىلغان. كىتاب ئاۋۋال ئەرەپچىدىن پارىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئاندىن پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان. ئاساسلىق ۋەقە ئەلى ۋە فاتىمەنىڭ ئوغلى هەسەن ۋە هۈسەيىننىڭ هېكايىسى بولۇپ، هۈسەيىننىڭ ئېچىنىشلىق ئازاپ ئوقۇبەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ ماۋزۇسى بەزى مەنبەلەردە'*ئېمىر مۇسىيجاب غازى*" دەپ ئېلىنغان. قولىيازما ۋە مىخ مەتبەدە بېسىلغان" مۇسىيجەبنامە" مۇ بار.

*(M. Hartmann(Mittelungen Sem. Orient Sprachen VII, 1904, Part II, p. 80)* بۇ كىتابتىكى باياندا يۇقىرىدىكى خارتماننىڭ بايانىنى ئېلىپ تاشلاپ، هۈسەيىننىڭ ئۆلۈمىگە ئائىت مەزمۇن كۆپرەك تەكىتلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆلۈمىدىن 846يىل كېيىن يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. هۈسەيىننىڭ كەربالادىكى ۋاپاتى 680-يىلى يۈز بەرگەن بولسا، كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى هىجرەتتىن كېيىنكى 909-يىلى، يەنى مىلادىيە 1503 -يىلى يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كىتابنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ 131-يىلى تاماملانغانلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇ 1131-يىلى بولۇشى ، يەنى مىلادىيە 1718-19 يىللىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۆزقاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغان شىئەلەرنىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلاردا ياشىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن. كىتابنىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ توختى خەلپەم ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. كىتابتا ئابداللارنىڭ تارىخىنىڭ 680-يىلى كەربالادا يۈز

بەرگەن ۋەقە بىلەن بولغان چېتىشلىقىغا ئائىت بىر پاكىت كۆرسىتىلمىگەن.باشقا مەنبەلەردىمۇ بۇ ھەقتە بىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر يوق.

(قاراڭ كىتابقا ناملىق *"ئىسلام دىنى"* Raquette G, Muhammeds Religion, Stockholm 1935)